# گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ خېيفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ھۆكۈمەت تورىنىڭ تۈنجى قېتىم تور يىغىنى شەكلىدە ئېچىلغان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاشنى ئاخىرقى باھالاش يىغىنىدا، 2019 ـ يىللىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش ئېلان قىلىندى، شىنجاڭ گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسى تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

شىچېڭزى خارابىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گۇچۇڭ ناھىيەسى بەنجىگۇ بازىرى ماگۇلياڭ كەنتىنىڭ شەرقىگە، خېبايەن كەنتىنىڭ جەنۇبىغا، ماگۇخې دەرياسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى تاغ ئالدى يانتۇ ئېدىرلىق بەلبېغىغا جايلاشقان. بۇ خارابە تىك يار ئۈستىدە بولۇپ، قىسمەن يەر يۈزىدە يەنە ئېچىلىپ قالغان تاغ جىنسلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇرۇنقى شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنى شىچېڭزى دەپ ئاتىغان.

2013 ـ يىلى گوۋۇيۈەنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىغا ئايلانغان. 2014 ـ يىلىدىن 2017 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات ئورنى ئۇنىڭغا قارىتا بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. نۆۋەتتە، شىمالىي سېپىل، غەربىي سېپىل، سېپىل خەندىكى، ئۆي ئورنى، كۆل ئازگىلى، ھارۋا ئىزى قاتارلىق خارابىلەر تازىلاپ رەتلىنىپ، زور مىقداردىكى تاختا كاھىش، نوكەش كاھىش، كاھىش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەمدە قىسمەن ساپال بۇيۇملار قېزىۋېلىندى، يەنە ئاز مىقداردىكى مېتال قوراللار ۋە سۆڭەك قوراللار قېزىۋېلىندى، بۇ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ساپال بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى تىپىك خەنزۇچە ئۇسلۇبقا ئىگە. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، شىچېڭزى خارابىسى ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش ئىكەن.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى تيەن شياۋخۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «شىچېڭزى خارابىسىنىڭ تەكشى يۈزى ئومۇمەن تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە كۆرۈنىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 110 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپى ۋە شىمال تەرىپىدە ئېگىز سېپىل بار، شەرق تەرىپى ۋە جەنۇب تەرىپى چوڭقۇر جىلغىغا يېقىن بولۇپ، جىلغىنىڭ ئاستى ماگۇخې دەرياسى، بۇ شەھەرنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا غەربىي شىمال شەھەر سېپىلىغا يۆلەپ كىچىك شەھەر سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇرجەكلىك بىنا، گۈندا سۇپىسى، سېپىل خەندىكى قاتارلىق قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بار، ھەربىي مۇداپىئە تۈسى ئىنتايىن قويۇق».

2018 ـ يىلى گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تۈرى «2016 ـ 2017 ـ يىللىق دالا ئارخېئولوگىيە مۇكاپاتى» بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دالا ئارخېئولوگىيە مۇكاپاتى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى باھالايدىغان جۇڭگونىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات بولۇپ، ئىككى يىلدا بىر قېتىم باھالىنىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تۇنجى قېتىم تور يىغىنى شەكلىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاشنى ئاخىرقى باھالاش يىغىنى ئېچىشى ئىكەن، ھەممە توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش شەكلى قوللىنىلىپ، كۆرگەزمە قىلىپ كۆرسىتىپ دوكلات قىلىش، باھالاش ۋە بېلەت تاشلاش قاتارلىق ھالقىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان، بۇ جەرياندا ئامما «بۇلۇت تېرمىنالى سەيلىسى» ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى باھالاش نەق مەيدانىغا «كىرەلىگەن». ئاخىرقى باھالاش يىغىنىدا، شىنجاڭ گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسى ئۆزىنىڭ روشەن رايون خاسلىقى، مۇھىم، زور تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئاممىنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن.



▲ شىنجاڭ گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسى (ماتېرىيال سۈرەت).




► شىنجاڭ گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (سۈرەتلەرنى جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتخانىسى تەمىنلىگەن)

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار بايراملىق دەم ئېلىشتا ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل قويۇپ بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 24 كىچە، 3 ـ قارارلىق ئىستېمال بېلىتىدىن جەمئىي 1 مىليون 960 مىڭ پارچە ئېلىنغان، ئىستېمالچىلار ئۈچۈن ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى جەمئىي 1 مىليون 950 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ھاسىل قىلىنغان جەمئىي سېتىش سوممىسى 29 مىليون 316 مىڭ 800 يۈەن، ئىستېمالغا تۈرتكە بولۇش نىسبىتى 1:15 تىن چوڭ بولغان.

**ئاپتوموبىلنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئىلگىرىكى يىللاردىكى يۇقىرى پەللە مەزگىلىنىڭ 80%ىگە يەتتى**

ياخشى سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتوموبىل سېتىش بازىرىمۇ جانلاندى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاپتوموبىل سېتىۋالسا قاتناش مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولۇش ئېتىبار سىياسىتىنى يولغا قويدى، «1 ـ ماي» مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك «بۇلۇت» ئاپتوموبىل كۆرگەزمىسىدە دوۋىيىن، ئۇيغۇر قاتارلىقلار ئارقىلىق توردا سۈپەتلىك ماركىلارنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال سېتىش قانات يايدۇرۇلۇپ، تور سىرتىدا ئاپتوموبىل سېتىشقا تۈرتكە بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن بۇيان، سېتىشقا پۈتۈشۈلگەن ئاپتوموبىل جەمئىي 3508 بولۇپ، سېتىش سوممىسى 544 مىليون يۈەنگە يەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مۇخبىر دۇڭفېڭ نىسسان بوۋاڭ مەخسۇس سېتىش دۇكىنىدا، ئاپتوموبىل كۆرگىلى كەلگەن خېرىدارلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەتكەندىن كېيىن سېتىش مەيدانىغا كىرگەنلىكىنى كۆردى، بەزىلىرى ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ بىۋاسىتە ھېس قىلدى، بەزىلىرى ئېتىبار تەدبىرلەر ھەققىدە مەسلىھەت سوراش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى، بۇ يەر ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى.

«ھازىر كۈندە 30 ـ 20 ئاپتوموبىل زاكاز قىلىنىۋاتىدۇ، سېتىلىش مىقدارى ئەسلىگە كېلىپ ئىلگىرىكى يىللاردىكى 5 ـ ئايدىكى يۇقىرى پەللە مەزگىلىنىڭ 80%ىگە يەتتى، ئاپتوموبىل سېتىش بازىرىنىڭ باھارى قايتىپ كەلدى» دېدى مەخسۇس سېتىش دۇكىنىنىڭ باش نازارەتچىسى جاڭ گولىيەن مۇخبىرغا.

**يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بايراملىق دەم ئېلىشتىكى ئىستېمال قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى**

قەشقەر ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرىدا قۇرۇق مېۋە، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپ، تىجارەتچىلەر بىر تەرەپتىن باھا تالاشسا، بىر تەرەپتىن خېرىدار چاقىرىۋاتاتتى.

«بۇ يىللىق ‹1 ـ ماي› دەم ئېلىش مەزگىلى ئۇزارتىلدى، ساياھەتچىلەر كۆپەيدى، سودىمىزمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.» تىجارەتچى ھەزرەت ئېلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قۇرۇق مېۋە دۇكىنىنىڭ بىر كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى 3000 يۈەندىن كۆپرەك بوپتۇ.

يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بايراملىق دەم ئېلىشتىكى ئىستېمالنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىزىپ كەتتى. كۆپ خىللىشىش، خاسلىشىش، سۈپەتلىكلىشىش ئىستېمالچىلار قوغلىشىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان پولۇ، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان كاۋاپلار... 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، غۇلجا شەھىرى تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان جىياڭفەنئېر تېز تاماقخانىسى ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. «بىز پولۇ، لەغمەن، سامسا قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس مەززىلىك تائاملىرىنى ئاساس قىلىمىز، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشخانىمىزغا كېلىپ تاماق يەيدىغانلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، تىجارەت سوممىسى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن 10%كە يېقىن ئاشتى، ئاشخانىمىزدا كۈندە دېگۈدەك 1000 يۈەنگە يېقىن ئىستېمال بېلىتى يىغىۋاتىمىز، بىزمۇ دېزىنفېكسىيە قىلىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، كۆپچىلىككە خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام غىزالىنىش مۇھىتى يارىتىپ بەردۇق!» دېدى جىياڭفەنئېرنىڭ مەسئۇلى دۇڭ لياڭ.

قومۇل شەھىرى ئېيۇرغول رايونى شىمالىي شەھەر ئەتراپى يولىدىكى بىنفېن گۈل بازىرىنىڭ مەسئۇلى جاڭ يەنمېي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ بىرنەچچە كۈندە گۈل بازىرىمىزنىڭ سېتىش سوممىسى «1 ـ ماي» نىڭ ئالدىدىكىدىن 25% ئاشتى. «بايراملىق دەم ئېلىش مەزگىلىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، گۈل ـ گىياھ، يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرىنى 20گە يېقىن كۆپەيتتۇق، ‹مارگرىت› ‹ئايال پادىشاھ سۇسان› قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ قېتىم يېڭىدىن كىرگۈزدۇق، ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى» دېدى جاڭ يەنمېي.

**(مۇخبىر جاۋ چۈنخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار جاۋ يۈ، جەزىرە نېسىپبېك، راھىدە، خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ ۋېن)**

## «بېيىش كەپتىرى» بەخت ئىشىكىنى ئاچتى



□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ ئىختىيارىي مۇخبىر ليۇ شياۋبىڭ

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بۇرچىن ناھىيەسى قوستىق بازىرى قىزىل ئۈيىڭكى كەنتى يۇلغۇن باچكا باقمىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ پاكىز كەپتەرخانىسىدا نەچچە مىڭ گۆش كەپتىرى قاناتلىرىنى قېقىپ، پات ـ پات «بۇقۇلداپ» قوياتتى.

«كەپتەرلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساملا بەك خۇش بولىمەن» دېدى كەپتەرلەرگە دان بېرىۋاتقان قىزىل ئۈيىڭكى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ يۈنتاۋ.

قىزىل ئۈيىڭكى كەنتى تىپىك يېزا ئىگىلىك كەنتى بولۇپ، يەر ئاز، ئادەم كۆپ ئىدى، كەنت ئاھالىلىرىنى بېيىش يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن، بۇرچىن ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ قىزىل ئۈيىڭكى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى پىكىر يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، چارە ـ تەدبىر ئويلىدى، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ تولۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق كەنتتىكى بىرنەچچە كەنت ئاھالىسىنىڭ گۆش كەپتىرى بېقىش تەجرىبىسى بارلىقىنى بايقىدى.

خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بازارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كالا، قوي بېقىشقا قارىغاندا گۆش كەپتىرى باقمىچىلىقىنىڭ دەۋرىيلىكى قىسقا، پايدىسى تېز بولىدىكەن، شۇ يەردىكى كەنت ئاھالىلىرىگە ماس كېلىدىكەن، دەپ قارىدى.

دەرھال ئىش باشلاندى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى باشلامچى بولغان، «جەمئىيەت+دېھقان ئائىلىلىرى» ھەرىكەت ئەندىزىسى قوللىنىلغان، كەنت ئاھالىلىرى مەبلەغ، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن پاي قوشقان، يۇلغۇن باچكا باقمىچىلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى. خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى پارتىيەلىك كەنت ئاھالىلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن باقمىچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، گۆش كەپتىرى بېقىش تەجرىبىسى بار جاڭ يۈنتاۋ جەمئىيەتكە كىرىشكە بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتتى.

2019 ـ يىلى، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى يەنە 500مىڭ يۈەن يۆلەش تەرەققىيات مەبلىغىنى پائال ئىلتىماس قىلىپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 220 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان كەپتەرخانىدىن بىرنى قۇرۇپ، «بەييۈۋاڭ» نەسىللىك كەپتىردىن 1000نى كىرگۈزدى.

ئىلمىي باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى باقمىچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى كەنتكە قەرەللىك كېلىپ يېتەكچىلىك قىلىش، مۇلازىمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى ھەم كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىنى سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى گۆش كەپتىرى باقمىچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. خىزمەت ئەترىتى يەنە بۇرچىن ناھىيەسىدىكى مېھمانساراي، كەچلىك بازار قاتارلىقلار بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، سېتىش توختامى ئىمزالاپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سېتىش يولىنى كېڭەيتىشكە ياردەم قىلدى.

«باقمىچىلىق جەمئىيىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 300 جۈپكە يېقىن گۆش كەپتىرى ساتالايدۇ، بىر جۈپى 50 نەچچە يۈەن، بىر يىلدا 100 نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىدۇ، بۇ، باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى جاڭ يۈنتاۋ.

گۆش كەپتىرى باقمىچىلىقىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ گۆش كەپتىرى بېقىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، نۆۋەتتە، 15 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى جەمئىيەتكە كىردى.

«سېتىش يولى مەسىلە ئەمەس، بازارنىڭ ئاۋات مەزگىلىدە، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالىدۇ. بىز بۇ يىل باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، 300 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان كەپتەرخانىدىن يەنە بىرنى قۇرۇپ، 1200 نەسىللىك كەپتەر كىرگۈزۈپ، كەنتىمىزنى گۆش كەپتىرى باقمىچىلىقىدىكى ئۆزگىچە كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، گۆش كەپتىرى باقمىچىلىقىنى كۆلەملەشتۈرۈش، كەسپلەشتۈرۈش يولىغا ماڭدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلاۋاتىمىز» دېدى بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ شياۋمىڭ.

بارغانسېرى كۆپلىگەن كەنت ئاھالىسىنىڭ گۆش كەپتىرى باقمىچىلىق قوشۇنىغا كىرىشكە ئەگىشىپ، بىر قىسىم كەنت ئاھالىسى كۆك يۇرچاق ۋە نوقۇت قاتارلىق خاس دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باشلىدى، بۇ، ھەم گۆش كەپتىرى باقمىچىلىقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ھەم قىزىل ئۈيىڭكى كەنتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك تېرىقچىلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)